# پايدىلىنىش خەۋىرى

参考消息 (维文)

1988 - يىل
9
ئىيۇن
(سەيشەنبە)

«شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىدى ۋەكالەت نومۇرى: 112 - 57


## تەيۋەن چوڭ قۇرۇقلۇقتىن قېچىپ كەلگەنلەرنى «كوممۇنىزمغا قارشى ئەزىمەتلەر» دېمەيدىغان بولدى

(تەيۋەن «مۇستەقىل ياشاش ئەتىگەنلىك» گېزىتىنىڭ 4 - ئىيۇندىكى خەۋىرى). دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن كومپارتىيە قوشۇنىدىن قوزغىلاڭ قىلىپ قايتىپ كەلگەنلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش ئۆلچىمىنى تۈزىتىشنى، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى پەرزەنتلەرنىڭ تەيۋەنگە كېلىپ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش تەلىپىنى ھازىرچە توختىتىپ قويۇپ، بىر تەرەپ قىلماسلىقنى، چوڭ قۇرۇقلۇق بېلىقچى كېمىلىرىنىڭ دېڭىز تەۋەلىكىمىزگە كىرىپ قالغانلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنى قوغلىۋېتىش شەكلىنى ئاساس قىلىشنى قارار قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

---

ياپونىيە «ئىقتىسادشۇناسلار» ژۇرنىلىنىڭ ماقالىسى:

## «ئۇچۇر ئىنقىلابى» كاپىتالىزمغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟

(ياپونىيە «ئىقتىسادشۇناسلار» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 10 - ماي سانىنىڭ ماقالىسى). ماۋزۇسى: «ئۇچۇر ئىنقىلابى» كاپىتالىزمغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ (ئاپتورى: دۆكىجىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى يېتىنىك چىك)

«ئۇچۇر ئىنقىلابى» نىڭ تېخنىكا ئاساسى كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان مىكرو ئېلېكترون ئىلمى.

«ئۇچۇر ئىنقىلابى» ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرتىپ قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە كۆڭۈلدىكىدەك نۇرغۇن نەتىجە ئېلىپ كەلدى. مۇشۇنداق ئۈمىد توغرىسىدىكى بايانلار بىر نەچچە قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مۇشۇنداق ئۈمىدلەر ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە شەخسلەرنىڭ تاللىۋالايدىغان ساھەلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئىنسانىيەتنىڭ مۇلازىمەت روھىنى ماددىي بايلىقتىن تېخىمۇ كۆپرەك مەدھىيىلەش، مەدەنىي تۇرمۇشنى تېخىمۇ بېيىتىش، تېخىمۇ جانلىق ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىش، يەنە كىچىك كۆلەمدە ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، ھالبۇكى، «ئۇچۇر ئىنقىلابى» بىز ئۈمىد قىلمىغان بەزى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

---

ياپونىيە گېزىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

## كامبودژا مەسىلىسىدە ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى

(ياپونىيە «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ 6 - ئىيۇندىكى باش ماقالىسى). ماۋزۇسى: ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان كامبودژا تىنچلىقى

سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى ئافغانىستاندىن چېكىنىشكە باشلىغاندىن بۇيان كىشىلەر، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «كامبودژىدا تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى» بارغانسېرى ئۈمىد قىلىۋاتىدۇ. خەنساڭلىن ھاكىمىيىتىنى قوللاۋاتقان ۋېيتنام، لائوس ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەممە ۋېيتنامغا قارشى ئۈچ تەرەپ بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنى قوللاۋاتقان جۇڭگو، ش ج ئا د ئى ۋە ياپونىيە قاتارلىق غەرب لاگېرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشى مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى.

ئېيتىلىشىچە، موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا - سوۋېت باشلىقلىرى سۆھبىتىدە كامبودژا مەسىلىسى ئۇزۇن - كېسىل مۇزاكىرە قىلىنغان. (قوشما باياناتتىكى سۆز) بۇلاردىن باشقا، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىمۇ سالماق قەدەم بىلەن ياخشىلانماقتا. كامبودژا مەسىلىسىنى دەۋر قىلغان ئامېرىكا - جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چوڭ ۋەزىيىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

مۇشۇ ۋاقىتتا ھىندونېزىيە «تاتلىق ھاراق زىياپىتى ئۇسۇلى» نى، يەنى، غەيرىي رەسمىي خەلقئارا يىغىن چاقىرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، كامبودژىدىكى ئىككى ھاكىمىيەتتىكى بارلىق گۇرۇھلار ۋېيتنام، ش ج ئا د ئى غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى جاكارتاغا يىغىلىپ سۆزلىشىشكە باشلىشى مۇمكىن.

ئېيتىلىشىچە، ياپونىيە ھۆكۈمىتى تېز ئۆزگىرىۋاتقان كامبودژا ۋەزىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نۇقتىلىق تۈپ فاڭجېننى تۈزۈپ چىققان: (1) جاكارتا يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) شاھزادە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

---

## گاڭچى جىياپىڭتەي جۇڭگونى دۈشمەن دەپ قاراش ناھايىتى توغرا ئەمەس، دېدى

«مەن جۇڭگوغا 100 قېتىم زىيارەتكە بارماقچى»

(ياپونىيە «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ خەۋىرى). ياپونىيە - جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى، ياپونىيە-جۇڭگو ئىقتىسادىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي مەسلىھەتچىسى گاڭچى جىياپىڭتەي (91 ياش) ھۆكۈمەتنىڭ يېقىنقى دىپلوماتىيە پوزىتسىيىسىدىن ئاغرىندى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەيلى سودا جەھەتتىكى سۈركىلىش بولسۇن، مەيلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئەركىنلەشتۈرۈش بولسۇن، ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىدۇ. بۇ تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك. بۇ جەھەتتە جۇڭگوغا ئوخشاش تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە يۈزلىنىش كېرەك».

گاڭچى جىياپىڭتەي يەنە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «جۇڭگونى پارىژ بىر تۇتاش پىلانلاش كومىتېتىنىڭ ئىمبارگو بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئوبيېكتى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

---

### قىسقا خەۋەرلەر

△جەنۇبىي چاۋشيەندە بىر نەچچە مىڭ رادىكال ئوقۇغۇچى خەنچېڭدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، شىمالىي چاۋشيەن ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىككە كېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، 8- ئىيۇن خەۋىرى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 18 مەكتەپتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار 6- ئاينىڭ 10- كۈنى نامايىش قىلىپ، بەنمىندىيەنگە بېرىپ، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بېسىم ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. جەنۇبىي چاۋشيەن مەسئۇل دائىرىلىرى بىخەتەرلىك قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۇلارنى تۇتماقچى.

△ش ج ئا د ئى غا ئەزا دۆلەتلەر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى مەنگۇدا ئىككى كۈن مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزگەن. فرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى، 2- ئىيۇن خەۋىرى. يىغىندا ۋېيتنام مۇساپىرلىرى ۋە كامبودژا مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىنغان. ئېيتىلىشىچە، يىغىندا، كامبودژا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى تەكلىپى مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە ۋېيتنامنىڭ قوشۇن چېكىندۈرۈشىگە يېقىندىن دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

---

## ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى توپلىغان سانلار شۇنى كۆرسەتتىكى: 80-يىللاردا ياپونىيىنىڭ ئىقتىسادىي نەتىجىلىرى ئامېرىكا ۋە ياۋروپانىڭكىدىن زور بولدى

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى، ۋاشىنگتون، 6-ئىيۇن تېلېگراممىسى). ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى توپلىغان بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلار شۇنى كۆرسەتتىكى: ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپانىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا، ياپونىيە 80-يىللاردا شانلىق ئىقتىسادىي نەتىجىگە ئېرىشكەن.

ياپونىيىدە ئىشسىزلىق، پۇل پاخاللىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاشقى سودا ئەھۋالى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن ياخشى، ھەتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن غەربىي گېرمانىيىنىڭكىدىنمۇ ياخشى.

خۇسۇسىي ئىگىلىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي تەتقىقات ئورنىدىكى جېففرى شوت مۇنداق دېدى: «ياپونىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىلا باشلانغان، بۇنىڭغا نۇرغۇن ئامىللار سەۋەب بولغان.

ياپونىيىدە ئىشسىزلىق نىسبىتى 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىككى پىرسەنتتىن سەل يۇقىرى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# هازىرقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

## — ياپونىيە «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى

(ياپونىيە «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر» گېزىتىنىڭ ماقالىسى. ماۋزۇسى: هازىرقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى (مۇخبىر: جۇڭگونى زىيارەت قىلىش گۇرۇپپىسى)

### ئېچىۋېتىلگەن پارتىيە

ج ك پ 1978-يىلدىن بۇيان ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرەكلىك يولغا قويدى، ج ك پ ئىلگىرىكى خېلى ئۇزاق بۇ مەزگىلدە خەلقئارادا ۋە مەملىكەت ئىچىدە مەخپىي بېكىنمە ھالەتتە تۇرغان. بۇ ئەنئەنە ج ك پ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان، ھەتتا مەركىزىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئېچىلىپ، قايسى ۋاقىتتا ئاياغلاشقانلىقىمۇ دەرھال ئېلان قىلىنمايتتى. بىر مەھەل بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق چەت ئەل مۇخبىرلىرىنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئىشى خەلق سارىيىنىڭ ئەتراپىدا توختىتىلغان ئالىي پىكاپ «قىزىل بايراق» نى ساناش بولۇپ قالغانىدى.

مۇشۇنداق تارىخقا ئىگە ج ك پ غەربكە ئىشىكنى ئېچىۋەتتى. ئۆتكەن يىل كۈزدە چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ 13-قۇرۇلتىيىدا باش شۇجى بولغان جاۋزىياڭ سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان باشقا ئەزالىرى بىلەن بىللە چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا بىربىرلەپ جاۋاب بېرىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ھازىر ج ك پ «ئېچىۋېتىلگەن پارتىيە» بولۇشنى ئويلاۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، كومپارتىيىنىڭ ئۆزى ئېچىۋېتىش جۇڭگونىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تامامەن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان.

### پارتكوم چەتتە تۇرۇپ ھەمكارلىشىدۇ

ئۆتكەن يىل 9-ئايدا سى ۋېنشۇ (56 ياش) خاربىن ئاياغ كىيىم زاۋۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان. بىر كۈنى پارتىيىلىك بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى سى ۋېنشۇگە ئۆز نارازىلىقىنى ئېيتقان، چۈنكى زاۋۇت باشلىقى سۈي كېشاۋ بۇ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنى بۆلۈم ئەزالىقىغا چۈشۈرۈشنى قارار قىلغان، چۈنكى زاۋۇت ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىرىنىڭ سانىنى قىسقارتقان. سى ۋېنشۇ بۇ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىغا نەسىھەت قىلىپ، كۆپچىلىك ئۆز ۋەزىپىسىگە چىڭ ئېسىلىۋالسا، ئورگانلارنى ئىخچاملىغىلى بولمايدۇ» دەپ، بۇ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنى زاۋۇت باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندۇرغان.

ئىلگىرى پارتكوم شۇجىسى بۇنداق نەسىھەت قىلغۇچى رولىنى ئۆتىمەيتتى، زاۋۇتتىكى ئاساسلىق ئىشلارنى پارتكوم شۇجىسى قارار قىلاتتى، پارتكوم ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقىنى چىقىراتتى. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا بۇ زاۋۇتتا «زاۋۇت باشلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، كادىر ھوقۇقىنى زاۋۇت باشلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، چوڭ مەسىلە بولمىسىلا زاۋۇت پارتكومى ئارىلاشمايدىغان بولغان.

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ زاۋۇت ھېچقانچە پايدا ئالالمىغان، ئۆتكەن يىل 820 مىڭ يۈەن پايدا ئالغان، بۇ يىل ئالىدىغان پايدىسىنى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزمەكچى. پارتكوم زاۋۇتتا قوشۇمچە رول ئۆتىگەندە ئىقتىساد ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدۇ.

(1)

---

(بېشى 1 - بەتتە)

### ئىستېمالچىلارغا يەككە-يېگانىلىق ۋە ئەندىشە ئېلىپ كېلىش

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تاۋار بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر-كاپىتالىستىك كارخانىلار ئىستېمالچىلارنىڭ كۆپ خىل تاۋارغا بولغان ئۇنۇملۇك ئېھتىياجىنى تەپسىلىي، تېز چۈشىنەلەيدۇ ۋە بىلەلەيدۇ.

بىراق، «ئۇچۇر ئىنقىلابى» ئىستېمالچىلارنىڭ تۈپ شارائىتىنى دېگەندەك ئۆزگەرتەلمىدى. يەنى تاۋار سېتىۋېلىش توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى ھەم تاللىۋېلىشقا بولىدىغان بارلىق دائىرىنى پاسسىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ.

تاۋارنىڭ كۆپخىللىشىشى ھەم ئېلان ئۇچۇرلىرىنىڭ كۆپىيىشى ھەر بىر ئىستېمالچىنىڭ ئارزۇسى ۋە قىزىقىشىغا تەسىر كۆرسەتمەي ياكى ئۇنى ئۆزگەرتمەي قويمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن، گەرچە ئىستېمالچىلارنىڭ يوشۇرۇن مول ماددىي شارائىتى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، كاپىتالىستىك «ئۇچۇر ئىنقىلابى» شارائىتىدا ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستېمالچىلار بېسىم، يەككە-يېگانىلىك ۋە خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارزۇسى قانمىغانلىق ھېسسىياتى كۈچىيىدۇ، ھەتتا بەزىدە مەنىۋى ياكى نېرۋا جەھەتتە كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

(1)

---

ئەنگلىيە ژۇرنىلىنىڭ خەۋىرى:

# جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتىدا كۆپ خىل ئۇسۇلنى سىناق قىلىۋاتىدۇ

(ئەنگلىيە «ئىقتىساد شۇناس» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ ماقالىسى). جۇڭگونىڭ بالىلارنى تەربىيىلىشى ياخشى بولماي كەلدى. بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو قىلچە يۈز - خاتىرە قىلماستىن، ئەركىن بازار ئۇسۇلىنى سىناق قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئۇسۇل شەخسىيلەر پۇل تۆلەش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ۋە رىقابەتلىشىشكە چېتىلىدۇ.

جۇڭگودا بىلىم يەنە بىر قېتىم قەدىرلىنىشى مۇمكىن، لېكىن زىيالىيلارنىڭ ئىش ھەققى يۇقىرى ئەمەس.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئاسى شەخسىيلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەبلىغىنى مەكتەپلەرگە جەلپ قىلىش.

ھۆكۈمەت ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتا يېڭىچە «ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپلەر تەتقىقات نەتىجىسىنى كەسپىي ئىشلاردا قوللىنىش، شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش، ھەتتا ئۆزلىرى شىركەت قۇرۇش ئارقىلىق نورمىدىن سىرت كىرىم قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇش پۇلىنى ئۆزلىرى تەييارلاشقا مەجبۇر بولىدۇ، يەنە بەش يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ 70% تى ئوقۇش ياردەم پۇلى ئالالماي بەلكى پۇل قەرز ئالىدۇ ياكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ئىشلەيدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ھازىرلا شۇنداق قىلىشقا باشلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

---

## ئىقتىسادىي ئۇچۇر

### دۇنيادا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئاشتى

رېيتېر ئاگېنتلىقى بۇ يىل غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1500 توننىغا يېتىدىغانلىقى، ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

### جۇڭگو خەلقئارا ھاۋالە بويىچە مەبلەغ سېلىش شىركىتى ئامېرىكىنىڭ ۋەيران بولغان بىر پولات زاۋۇتىنى سېتىۋالدى

ئامېرىكا — خەلقئارا ئاگېنتلىقى خەۋىرى. جۇڭگو خەلقئارا ھاۋالە بويىچە مەبلەغ سېلىش شىركىتى بىلەن شياڭگاڭنىڭ بىر پولات زاۋۇتى بىرلىشىپ ئامېرىكىنىڭ كلېرەونتى شەھىرىدىكى ۋەيران بولغان فىنكىس پولات زاۋۇتىنى 13 مىليون 500 مىڭ دوللارغا سېتىۋالدى.

### سوۋېتلىكلەر شېكەر بىلەن ساختا ھاراق ئىشلىدى

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھاراقكەشلىككە قارشى تۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشى شېكەر بىلەن شەخسىي ھاراق ئىشلەشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن شېكەر ئىستېمال مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. گورباچېۋ بەزى جايلاردا شېكەر ئىستېمالىنىڭ 20% ئاشقانلىقىنى ئېيتتى.

### ھىندونېزىيىنىڭ پولات-تۆمۈر ئېكسپورتى ئاشتى

بىر نەچچە يىلدىن بېرى ھىندونېزىيە پولات - تۆمۈر ئېكسپورتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 42% ئاشتى، بۇلتۇر بىر يىللىق ئېكسپورت سوممىسى 190 مىليون دوللار بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 206% ئاشقانىدى.

